# «تاڭ» ناخشىسى

(1950 ـ 1957 ـ يىللار)

«تاڭ دېگىنىم تاڭ ئەمەس، بۇدۇن چاڭ ئېكەن،
دۈشمىنىگە ئالدانغان، بەك يامان ئېكەن».
ئاتىلار ئاغزىدىن.



سابىت ئۇيغۇري

## ئىرادە

ماختاشلارغا مەز بولۇپ ئۇچماسمەن ئەندى،
ئۇ گۆدەكلىك لايى سۈلىرى ئېقىپ تۈگىدى...
كۈرەش، ئەمگەك، ئىجاتنىڭ قايناق قوينىدا،
ئۆتكۈزىمەن بەش كۈنلۈك ناياپ ئۆمۈرنى...

ئىرادە تۇلپارىنى مىنىپ چىقتىم مەن،
جان چىققىچە كۈرىشەرمەن مەخسەت يولىدا.
قانچە مۈشكۈل بولسىمۇ كۈرەش يوللىرى،
دوستلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ سەپنىڭ ئالدىدا.

مەسلەك ئۈچۈن ئاتاپ قويدۇم ھاياتىمنى مەن،
كېرەك بولسا، خەلقىم ئۈچۈن ئوتقا كىرىمەن!
جاپا كەلسە دوستلار بىلەن بىللە كۆتىرىپ،
بەخت كەلسە، خوشال بولۇپ بىللە كۈلىمەن!

ئىشىنىمەن، خەلقىمىزنى كۈتىدۇ تاڭلار،
كۈرەش بىلەن تاپىمىز بەختنى ھامان.
ئەگىر - توقاي بولسىمۇ تارىخنىڭ يولى،
چوقۇم ئازات بولىدۇ بۇ ئۇيغۇرستان!

1950 - ژىل، غېنىۋار.

## غەزەللەر

مەن كىبار باينىڭ ئەمەس، يوقسۇل ئېلىمنىڭ يارىمەن،
باغرى يارا، كۆزى ياش، دەرتمەنلىنىڭ دىلدارىمەن.
قايدا باقسام ئاھۇ - زار، مىسكىن، پېقىرلەر نالىسى،
نالىسىغا باقمىغان، زالىم پەلەكتىن زارىمەن.
ئۆز غىمىدىن ئۆزگىنى بىلمەس، دىلى ئەما كىشى،
پۇلپەرەس، مەنسەپپەرەس نادانلىدىن بىزارىمەن!
مەن ئاتەشمەن، يالقۇنۇمدا جاھالەتنى ئۆرتىگەن،
ئامما خەلقىم قەلبىگە ئۈمىت ئوتى ياقارىمەن!
ئەي، مېنىڭ دەرتلىك ئانام، بىچارە يوقسۇللار ئېلى،
نۇر بولۇپ كۆز ياشلىرىڭ قۇرىتالمايىن ئەۋۋارىمەن!

## سوراڭ

سابىتجاننى ئىزدىسىڭىز، ئىشچى - دېخاندىن سوراڭ،
سورىماڭ ھەرگىز ناداندىن، ئەھلى ئىرپاندىن سوراڭ.
ئۆز ئېلىنى سۆيمىگەنلەر ماڭا دوس - ئاشنا ئەمەس،
ئەل ئۈچۈن جېنى تەسەددۇق، مەردۇ - مەيداندىن سوراڭ.
مەن ۋەتەننىڭ ئىشقى بىلەن ئوت بولۇپ ياندىم مانا،
بۇ مۇھەببەت سىرىنى شۇ ئوتتا كۆيگەندىن سوراڭ!
بۇ پەلەكنىڭ دەستىدىن كوڭلۇم مېنىڭ ۋەيراندۇر،
خۇش بولۇپ كۈلگەندىن ئېرمەس، كۆڭلى ۋەيراندىن سوراڭ!
ئەل ۋەتەننىڭ دەردىدە تۈن كېچىلەر بىدارىمەن،
كېچىسى ماھى تاباندىن، تاڭدا چولپاندىن سوراڭ.
ئەي ئۇچقۇن، سەن ئەلنى سۆيسەڭ، سۆيگىدە مەردانە بول،
مەرتلىكنى شەۋقى بىلەن ئۆركىشى قايىنامدىن سوراڭ!

1950 - ژىل، مارت.

## يوق

بۇ ھاياتنىڭ دەردى بىسيار، راھتى ھېچقانچە يوق،
يۈز ژىل ئۆمۈر ياشىساڭمۇ كۆز ژۇمۇپ ئاچقانچە يوق.
چۆلدىكى سۇ دېگىنىم - سۇ ئەمەس سەراپ ئىكەن،
تەشنالىغىم قانمىدى، بىر ژۇتۇم ئىچكەنچە يوق.
بۇ ۋاپاسىز پانىدا مۇراتقا يەتكەن بارمىكىن،
ئارمىنىم ئۈممانچە ئەردى ئېچكىنىم بىر تامچە يوق.
ھېجران دەردىدە ئاشىق كوڭلى تولماس ئىكەن،
ئوينىغان - كۈلگەن بىلەن خۇشلىغى مىسقالچە يوق!

1950 - ژىل، كۈز.

## باردۇر

كىشى كۆڭلىنى رەنجىتمەك، كۆڭۈلنىڭ ھارلىشى باردۇر،
ئىشىكتە تەلمۈرۈپ تۇرغان گادايىنىڭ نالىسى باردۇر.
بېشىغا كۈلاھ كىيگەن، بويىدا ياماق جەندە،
ئەشۇ جەندە ئىچىدە ئاسىل ئىنسان بالىسى باردۇر!
قۇلاق سالساڭ ۋاپاسىز ئۆتكۈنچى دۇنيادىن ئەرىز ئېيتۇر:
دىلىدا قارا قىسمەتنىڭ ساقايماس يارىسى باردۇر.
قۇلاق سالغىن، گاداي ھۆكمەت ئوقۇر قۇل خوجا ئەخمەتتىن:
شۇ ھۆكمەتتە ھەقىقەتنىڭ نايابپ دۇردانىسى باردۇر.
ئەگەر سەن بەرمىسەڭ خەيرى، شېرىن سۆزۈڭ بىلەن قايتۇر،
ئەشۇ يۇمشاق، شېرىن سۆزدە، ۋۇرەكنىڭ دارىسى باردۇر.
بۈگۈن سەن باي، ئۇ ـ دىۋانە، پەلەكنىڭ يازمىشى شۇنداق،
ئەتە ئۇ باي، سەن گاداي، ئورۇننىڭ ئالمىشى باردۇر!

---

## يەتمەس

*دۆلەتمەن ـ كىبار بايلار، گادايىنىڭ ھالىغا يەتمەس،*
*ئاتاسى بار، ئاناسى بار، ۋېتىمنىڭ زارىغا يەتمەس.*
*پەلەك چەرخى ئېسىل جاننى ھاي ئالدىدا خار قىلدى،*
*شۇنىڭچۈن كەمبەغەللەرنىڭ كۆزىدىن قان يېشى كەتمەس.*
*بايلار بىلەن بەگ كۆڭلى قارا تاشتىن قاتتىقدۇر،*
*غېرىپ جانلار ئىچۇك ھالدا ـ ئۇلارنىڭ يادىغا يەتمەس.*
*بېشىڭغا دەرت ـ ئەلەم كەلسە، يامانغا ئەرزى ھال ئېيتما،*
*قىلغان پەرياتلىرىڭ تاشتەك كوڭۈللەرگە ئەسەر ئەتمەس!*
*ئىچىڭگە سىغمىسا دەردىڭ، بېرىپ پىنھاندا ۋىغلاپ ئال،*
*مەغرۇر جان ۋۇرەك ـ باغرىن ئېچىپ غەيرىگە كۆرسەتمەس.*
*تەگشەلمىگەن پاتىدا، قاچان بولغاي ئادالەتلىك،*
*ئادالەت قازىسىغا كەمبەغەللەرنىڭ ئۈنى يەتمەس!*

---

## زالىم بەگلەرگە

ھەددىڭدىن ئاشتىڭ ئەي بەگلەر، ھەقىقەت بىرلە كارىڭ يوق،
يوقسۇلنى بۇلاپ كەلدىڭ: ئىنساپ، نومۇس ـ ئارىڭ يوق!
قولۇڭدىن ئامىتىڭ كەتتى، ساڭا زاۋال كۈنى يەتتى،
يوقسۇلغا نوۋەت ئەندى، سېنىڭ سورار زامانىڭ يوق!
ئۆزەڭنى سورىماي ئەلگە، زۇلۇمنى بىسىيار قىلدىڭ،
ئۆزەڭ تەرگەن بەلالارنى ۋىغىپ ئالماي ئىلاجىڭ يوق.
خۇدانىڭ قۇدرىتىنى كۆر: يوقسۇلنى ئەزىز قىلدى،
ئادالەت سوتى ئالدىدا ھىساپ بەرمەي ئىلاجىڭ يوق!

1950 ـ ۋىل، سېنتەبىر.

# قار ياغدۇ

ئەتىگەندە تۇرۇپ چىقسام تالاغا،
ئاپپاق قارغا پۈركىنىپتۇ داللار.
سوغ بولسىمۇ ئاق قارنى مەن سۆيىمەن،
قىش كۈنىنىڭمۇ ئۆزىچە بىر كۆركى بار!

قار ياغدۇ، ھەممە ياقنى ئاق قىلىپ،
قىش سېغىنغان كۆكۈللەرنى شات قىلىپ.
ماموق قارنى دومىلىتىپ باللار،
«بوۋاي» ياساپ ئوينىشىدۇ شاتلىنىپ.

قار ياغدۇ، قار ياغدۇ لەپىلدەپ،
ئۇخلاپ ياتقان تەبىئەتنى پەپىلەپ.
ئۇچۇپ كېلىپ باشلىرىڭغا قونىدۇ،
خۇددى ئاپپاق كېپىنەكتەك ئەركىلەپ.

ئۇچۇپ كېلىپ باشلىرىڭغا قونسا قار،
كۆكۈللەردە بىر خۇشاللىق ئۇيغىتار.
موشۇ ئاپپاق قىش بوۋاينىڭ كەينىدىن،
گۈل كۆتىرىپ كېلىدۇغۇ قىز – باھار!

---

# مەن تەبىئەت ئوغلىمەن

مەن ۋەتەننىڭ تۇپرىغىدا تۇغۇلدۇم،
شۇ تۇپراقتىن ژۇغۇرۇلغان ۋۇجۇدۇم.
ئانا يۇرتنىڭ خىسلىتىنى دورىغان،
شائىر چىقتى، ئەشۇ بەگۋاش ئوغۇلدىن.
ئۇيغۇرستان – مېنىڭ ئانا ۋەتىنىم،
شۇ ئانامغا تارتقان مېنىڭ خىسلىتىم.
مىجەزىممۇ ئاينىمايدۇ ئۇنۇڭدىن،
شۇدۇر بەلكىم، مېنىڭ بۈيۈك قىممىتىم!
. . . . . . . . . . . . . . . .
باھار كەلسە، مەنمۇ قايناپ تاشىمەن،
قىيان سۇدەك قىرغاقلاردىن ئاشىمەن.
چېچەك ئېتىپ ئىجادىمنىڭ بېغىدا،
دوستلىرىمغا گۈل چاچقۇسى چاچىمەن.

ياز كەلگەندە مېۋىلىك باغ بولىمەن،
دوستلار بىلەن بەزمە مەشرەپ قۇرىمەن.
ناخشىلارنى كۆتىرىپ راس ئەۋجىگە،
بۇلبۇل بولۇپ باغدا خەندان ئۇرىمەن!
كۈز كەلگەندە كۈچ – غەيرەتكە تولىمەن،
ئەلگە سېخى دەستىخانلىق بولىمەن.
شەرۋەت ئېلىپ ئىجادىمنىڭ بېغىدىن،
دوستلىرىمغا گۈل شارابى سۇنىمەن.
قىش كەلگەندە مەنمۇ قېرىپ قالىمەن،
مۇڭلۇق مۇقام كۈيلىرىمنى چالىمەن.
– ئەۋلاتلارغا مىراس بولۇپ قالسۇن – دەپ،
ئىجادىمدىن ھەيكەل قۇرۇپ ئالىمەن!

---

# يازنى سېغىنىش

ئېسىمدە، قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرىدە،
ئولتۇرۇپ يازنى ئارمان قىلغانلىرىم.
– قاچانمۇ ياز كېلىدۇ؟ – ئېيتقىنا – دەپ،
ئانامدىن يېنىپ – يېنىپ سورىغانلىرىم.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
بۈگۈنمۇ يېشىل يازنى سېغىندۇرۇپ،
جاھاننى ئاقىقا پۈركەپ قار ياغدۇ...
كۆكۈلدە ئەنسىز ئويلار پەيدا قىلىپ،
قىشمۇ ئۆز مۇقامىغا ساز چالىدۇ...
سەھەردە يېڭى كۈننى قارشى ئېلىپ،
ئېقىردىن ناخشا بىلەن ساز كېلىدۇ.
بۇ ناخشا ئارام بېرىپ كۆكۈللەرگە،
كۆزۈمگە ئەشۇ گۈزەل ياز كېلىدۇ.
ئاھ، مېنى سېغىندۇردى يېشىل يازنىڭ
ئېتىزى، ئىش قاينىغان خامانلىرى.

ئاخشىمى ئايدىڭلاردا ناخشا ئېيتىپ،
زوقلىنىپ، ئوما ئورىغان دېھقانلىرى.
ئېسىمغا چۈشتى يەنە، يېشىل يازدا،
بۆدۈنە قوغلاپ ژۈرگەن بېدىلىكلەر.
تاغلاردا ساي سۈيىگە چۆمۈلۈپ ئويناپ،
بۆلجۈرگەن تېرىپ ژۈرگەن قىز – ژىگىتلەر.

كۆڭلۈمدە، بىر چىرايلىق ياز بولسىمۇ،
سىرتتا قىش، ساز چالار ئۆز مۇقامىغا.
كۈن نۇرى ئاپپاق قاردىن يۇلتۇز ياساپ،
كۆزلەرنى چېقىپ تۇرار كەك دالىدا!

1950 – ژىل، نويابر.



---

# يېڭى ژىل

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

تازىم قىلىپ قۇتلۇق كېلىنىدەك،
كىرىپ كەلدى مانا يېڭى ژىل.
خوش ئېيتىشىپ يانغان مېھماندەك،
قاياققىدۇ كەتتى كونا ژىل!

ھەر يېڭى ژىل ھاياتقا بىر تاك،
ھەر – بىر تاڭدا يېڭى بىر ئاھاك،
شۇ ژىللاردىن نۇسرەت ئېلىپ،
ئارزۇلارغا يېتىدۇ ئىنسان!

بۇ يېڭى ژىل ئىنسانىيەتكە،
ئۆتۈگۈلاردىن سوغات ئېپ كەلدى.
كۈرەش، ئەمگەك بىلەن قاينىغان،
سائادەتلىك ھايات ئېپ كەلدى.
ئەزىز دوستلار، يېڭى ژىل كەلدى،
ئۇنى خوشال قارشى ئالايلى،
قۇتلۇق كۈنلەر ھۆرمىتى ئۈچۈن.
ناخشا ئېيتىپ، سازلار چالايلى!

1952 – ژىل، غېنىۋار.

# سالام، ئۈرۈمچى!

ئەسسالام! ـ دەپ، بوسۇغاڭدىن كىرىپ كەلدىم مەن،
قوبۇل قىلغىن سالامىمنى، يېڭى ئۈرۈمچى...
سېنى كۆرۈپ ژۈرىگىمگە تولدى ھاياجان،
ھەي، ئۆلكەمنىڭ پارلاپ تۇرغان تېڭى ئۈرۈمچى!
مەرىپەتلىك قۇچىغىڭدا ئوقاي ـ دەپ كەلدىم،
ئىلمۇ ـ ھىكمەت دەرياسىدا ئاقاي ـ دەپ كەلدىم.
سېنىڭ تاشلىق تۇپرىغىڭنى باغاشلاپ يېتىپ،
كۆكرىگىمنى كۆكرىگىڭگە ياقاي ـ دەپ كەلدىم!
بۇندا ئېرور مېنىڭ بەختىم، بۇندىدۇر يارىم،
بۇندا ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ چوڭقۇر كېچىگى...
بۇندا مېنىڭ سۆيگىنىم بار ـ بۇندا ـ ئانارىم،
ژۈرىگىدە پورەك ئاچقان بەخىت چېچىگى...
ئېھ، ئۈرۈمچى، قۇچىغىڭغا كىرسەم، ئالدىمدا،
قارشى ئالدى قۇچاق ئېچىپ ئېسىل ژۈتلىرىڭ...
ئاسمىنىڭدا چاراقلىغان يۇلتۇزلىرىڭ ھەم،
تاغ باغرىدا يېنىپ تۇرغان گۈلخان ئوتلىرىڭ...
ئېسىڭدىدۇ، بىر زامانلار سېنى «ئانام» ـ دەپ،
قانات قېقىپ، قۇچىغىڭغا كەلگەن ئىدىم مەن. 1 )
ئېھ، ئەشۇ چاغ مۇڭلۇق قاراپ، ئىچتىن كۆيۈنۈپ،
مەيۈسكىنە باغرىڭغا ئالغان ئىدىڭ سەن.
ئۇ چاغ سېنىڭ ئاسمىنىڭنى بۇلۇتلار توسقان،
تەبئەتمۇ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ تۆكەر ئىدى ياش.
تاغلىرىڭمۇ تۇرار ئىدى، مۇڭلۇق ـ خىيالچان،
ژۈرەكلەرنى ئېزەر ئىدى، ھالىڭغا قاراش...
ژىللار ئۆتتى، دولقۇنلانغان چېلىش ژىللىرى،
چېلىشلاردىن يارالدى بۇ بەختىيار كۈنلەر...
شېھىتلارنىڭ قۇتلۇق قېنى ئاققان يەرلەردە،
چېچەك ئاتتى، مەڭگۈ سولماس، قىپ ـ قىزىل گۈللەر!
ئازات زامان ئەييامىدا سەنمۇ ياشاردىڭ، 2 )
توزلار ئوخشاش تاۋلىنىپتۇ گۆزەل باغلىرىڭ.
قىزىل شەپەق نۇرلار بىلەن تۇرار سۆيۈشۈپ،
ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان ئاقباش تاغلىرىڭ.
ئۇزۇن كەتكەن ئاسفالتلىق يوللىرىڭ بويلاپ،
قانات كېرىپ تۇرار ھەيۋەت، زور بىنالىرىڭ.
شوخ ژىگىتلەر، ئوماق قىزلار، بەختىيار نەسىل،
ئاسمىنىڭدا ياڭراپ تۇرار خۇش ناۋالىرىڭ.
ھەي ئۈرۈمچى، ھۈرلەر ئېلى، چېمەنلەر ئېلى،
سېنىڭ مېھرۇ ـ لەززىتىڭگە قاناي دەپ كەلدىم.
باھارىڭنى مەدھىيلەپ گۈل شاخلىرىدا،
بۇلبۇل بولۇپ سەھەرىڭدە سايراي ـ دەپ كەلدىم!
سۇزۇك تاڭغا سىرداش بولۇپ چولپىنىڭ كەلدى، 3 )
قوينوڭغا ئال، ھەي مۇقەددەس يېڭى ئۈرۈمچى!
ژىلدىن ـ ژىلغا گۈللىنىپ ياشنايسەن تېخى،
ۋەتىنىمنىڭ پارلاپ تۇرغان تېڭى ـ ئۈرۈمچى!

1952 ـ ژىل، نويابىر.


1 ) 1944 ـ ژىلى يازدا ئۈرۈمچىگە ئوقۇش ئۈچۈن كېلىپ، ئوقالماي قايتىپ كەتكەن ئىدىم.
2 ) شۇ ژىللاردا «يوقسۇللار ئازاتلىغى»غا مەنمۇ ئىشەنگەن ئىدىم.
3 ) چولپان ـ مېنىڭ تەخەللۇسىم.

# مارت ناخشىسى

*ئەي، ئەھلى ئاياللار مەيرەم كۈنىدە،*
*ئەڭ گۆزەل ناخشامنى ئاتىدىم سىزگە.*
*ئاق چاچلىق مومايلار، مۇشپىق ئانىلار،*
*ئۇدارنىڭ جۇگان ۋە ئەلاچى قىزگە!*
*ئانامسەن ـ كۈڭۈلنىڭ پاك دىيارىدا،*
*ئەڭ ئەزىز، مۆتىۋەر مەلىكەم ئۆزەڭ.*
*سەن ئۈچۈن ئوتقىمۇ كىرىدۇ نەسلىڭ،*
*روھلىنىپ مۇشەررەپ ھۆرمىتىڭ بىلەن!*
*يارىم سەن ـ ئىشتا مەدەت، جەڭدە تايانچىم،*
*ئويىنسام راھىتىم، كۈلسەم قوۋانچىم.*
*سەن بىلەن يورۇقدۇر بۇ گۆزەل ئالەم،*
*ئەي مېنىڭ سوغۇلماس مېھرى قۇياشىم!*
*سىڭلىم سەن، ھەر ئىشتا ماڭا مەدەتكار،*
*جۇشقۇنلۇق ناخشامغا ئۆزەڭ ئىلھامسەن.*
*كۆڭلۈمگە گۆزەللىك ـ سۆيگۈ بەخش ئەتكەن،*
*باھارنىڭ گۈلىدەك گۆزەل ـ كۆركەم سەن!*
*كۈل، شاتلان، ئەي مېنىڭ غەمگۇزار ئانام،*
*شاتلىنىڭ، بەختى چېچەك ئاتقان سىڭىللار.*
*جانىجان خەلقىمنىڭ پەخىرلىرى سىز،*
*كۈلۈشكە، يايراشقا باردۇر ھەققىڭلار!*

*سىز بۈگۈن ئەمگەكتە كېلىسىز داڭدار،*
*كەلگۈسى گۆزەلدۇر، غايەت بەك گۆزەل!*
*سىز تۆككەن بۈگۈنكى تامچە تەرلەردىن،*
*چېچەككە پۈركىنەر ئەتىكى كۈنلەر...*
*موشۇنداق كۈڭۈللۈك، قىزىق چاغلاردا*
*ناخشىلار ۋاقىرىماي چىدامدۇ ژۈرەك؟*
*ئېيتقىنا، كۈرەشسىز ھەل بولغانمىدى،*
*بىزنىڭ كاڭ ئۆمىتلەر، بىزنىڭ كاڭ تىلەك؟*
*ئەي، قىزىل مارتچىلار، خۇشخۇي ئايالار،*
*شانلىق مارت كۈنىدە سىزلەرگە سالام!*
*سىزلەرنىڭ مۇشەررەپ ھۆرمىتىڭلارغا،*
*بېشىنى ئېگىدۇ، جىمىكى ئىنسان!*

1954 ـ ژىل، مارت.



## شېئىرىم

«شېئىرىم ـ قىلىچ بولار قىلىچلاشسام،
شېئىرىم ـ بومبا بولار شىلتەپ ئاتسام.»
شېئىرىم ـ كۆيدۈرگۈچى يالقۇن بولار،
چاقماق بوپ چېقىلسامدە، ياۋغا چاچسام!

شېئىرىم ـ خەنجەر بولار قولغا ئالسام،
شېئىرىم ـ دۇتتار بولار ئەگەر چالسام،
شېئىرىم ـ مىللىونلارنىڭ ژۇرىگىدە،
ناخشا بوپ جاراڭلايدۇ كويگە سالسام.

شېئىرىم ـ سۇنماس قانات بىلگەنلەرگە،
شېئىرىم ـ پولات قالقان كىيگەنلەرگە.
شېئىرىم ـ تىلسىماتلىق كۈچ بېغىشلار،
ئەرلىك ئۈچۈن ئوت ئىچىگە كىرگەنلەرگە!

شېئىرنى ئالماس قىلىپ، تاغ تىشەرمەن،
شېئىرنى قانات قىلىپ، قىر ئاشارمەن.
بوراندەك ئۇرۇپ تۇرغان ناخشام بىلەن،
داۋالغۇپ زامانلارنى دۇر باسارمەن!

شېئىرىم، يالقۇن بولۇپ كۆككە يېزىل،
شېئىرىم، سەلكىن بولۇپ ئەلگە يېيىل،
شېئىرىم، راكېتىدەك ئۆرلەپ ئۇچۇپ،
جاھالەت ئوردىسىغا بېرىپ يېرىل!

1953 ـ ژىل، ماي.

## ئانا مۇھەببىتى *

جان ئانا، بەختلەرنىڭ تاشقىن چېغىدا،
باھار تاشقىنلىرىدەك يامراپ كېلىمەن.
مۇھەببەت ناخشاڭنى ۋاقىراپ ئۇزاقتىن،
گۈزەل تاڭ سىگنالىدەك ياڭراپ كېلىمەن!
ئانا، سېنى كۆيلىمەي چىدامدۇ ژۇرەك؟
باھاردەك ھۆسۈنگە تولۇپ ئېچىلىۋاتساڭ،
بۇلۇتلار ئارىسىنى يېرىپ چىققان قۇياشتەك،
دۇنيانىڭ تاڭچىسى بوپ يېتىلىۋاتساڭ!
باھار كېلىپ، قۇياش ئىللىق نۇرىنى سەپكەندە،
بارچە گۈللەر كۆنگە بېقىپ تەلپۈنەر ئانا.
مەنمۇ گۈل بوپ ئېچىلغان قۇۋناق چېغىمدا،
ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن قارايمەن ساڭا!
بۇ ئالەمدە سەندەك غەمخۇر ئىنسان بارمىكىن،
مېنىڭ گۆدەك ئۆمرۈم ئۈچۈن يورۇق دۇنيادا؟
بىر كېچىلىك كىرپىك قاقماي تەۋرەتكىنىڭگە،
قۇچاق ـ قۇچاق داستان يازسام، يەتمەيدۇ يانا!
ئاھ، يۇلتۇزلۇق كېچىلەرنىڭ سىرداشى بولۇپ،
«ئەللەي» ئېتىپ، كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزگەن ئىدىڭ.
ئوغلۇڭغا ئۇزاق ئۆمۈر، بەختلەر تىلەپ،
ئۈمىت بىلەن كۆزلىرىڭنى چۆكتۈرگەن ئىدىڭ!
ئەي، مېنىڭ تاغدەك ئېغىر ژىللارنى ئارتىپ،
ئۆمۈر داۋانلىرىنى ئاشقان ئانام، گۈل ـ شاتلان!
جان ئانا، جەڭدە غالىپ ئەۋلادىڭ بىلەن،
پەخىرلەن، دۇنيادا، زوق بىلەن ماختان!
ئەمگەكچىنىڭ قەلىپ مېھرى كۆندەك مۇنەۋۋەر،
قۇياش چىقسا، پۈتكۈل ئالەم كۈندۈز بولىدۇ.
پىشانەڭدە يالتىرىغان ھەر ـ بىر تامچە تەر،
بەخت كۆكىڭدە چاراقلىغان يۇلتۇز بولىدۇ!
جېنىم ئانا، ئۇلۇق ئىشتا مەنمۇ ياردەمچىڭ،
ناخشام بىلەن كاندا بازغان جاراڭلىتىمەن.
تاڭ سەھەردە ئېتىزلارنى ئارىلاپ ئۆتسەم،
ناخشا ئېيتىپ كەڭ سوللارنى باشلاۋېتىمەن!
گۈل، شاتلان، ئەي مېنىڭ غەمگۇزار ئانام،
ئوغلۇڭ شائىر بولۇپ يېتىلدى مانا.
دۇنياغا شائىر ئوغۇل بەرگىنىڭ ئۈچۈن،
ئەڭ جاراڭلىق ناخشامنى ئاتىدىم ساڭا!

* (بۇ شېئىر «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1954 ـ ژىلقى 6 ـ سانىغا بېسىلغان)

## شائىر ئىنىمغا *

شېئىر يازغىن شائىرىم،
لېكىن ھېچقاچان،
مەز بولۇپ كەتمىگىن شۆھرەت، ئاتاققا.
ھەر قاچان سەن ئاددىي ئىنسان بولۇپ قال،
ئالتۇن تاج ياراشماس، ياڭاڭ ئاياققا ...
ـ «ئەگەر شۆھرەت ئالمىسام، مېنىڭ قەلبىمنى
چۇشەنمەي قالىدۇ، ـ دەمسەن ـ باشقىلار.
ياق ئىنىم،
ھەر كىمنىڭ تار كۆكرىگىدە،
دۇنياغا ئېچىلغان كەڭ دېرىزە بار!»

1954 ـ ژىل، ئاپرېل.
*) ئا. توقايغا تەخلىت.

# ھەيكەل

ئۆتمۈشتە بىر قېرى بوۋاي بوپتىكەن،
دۆلەتلىك ئىكەن ئۇ، يوقكەن ھاجىتى.
ۋالېكىن ساخاۋەت قىلماپتۇ ئەلگە،
يېتەرلىك بولسىمۇ دۇنيايۇ ـ مۈلكى...
بايلىققا مەز بولۇپ ئۆتتۈپتۇ ئۆمۈر،
دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرمەپتۇ بىراق.
ياستۇققا يەتكەندە بوۋاينىڭ بېشى،
ۋەسىيەت ئېتىپتۇ ئوغلىغا شۇنداق:
ـــ «مۇبادا، ۋاق يېتىپ ئۆلۈپ قالسام مەن،
قەۋرەمنىڭ ئۈستىگە ھەيكەل قۇرۇڭلار.
چۆلدەرەپ قالمىسۇن، قەۋرەم مېنىڭ،
سۈپۈرۈپ، گۈللەرنى تېرىپ قويۇڭلار!»
ئاخىرقى سۆزى شۇ بوپتۇ بوۋاينىڭ،
ئالتە كۈن يېتىپلا كۆزىنى يۇمۇپتۇ.

ئورۇنلاپ ئاتىنىڭ ۋەسىيىتىنى،
قەۋرىگە مەرمەردىن ھەيكەل قۇرۇپتۇ.
قەۋرىسى بېشىغا قويۇپتۇ ھەيكەل،
بىراقتا ياد ئېتىپ كەلمەپتۇ ھېچكىم.
ھېچ كىشى قەۋرىگە گۈلمۇ قويماپتۇ،
ئاي ـ يىللار ئۆتتۈپتۇ ـ ئەشۇنداق جىم ـ جىم.
ـ ھەي، بوۋاي بىچارە، تىرىكىڭدە سەن،
خەيرلىك ئىشلارغا پۇلنى ئايىدىڭ!
مال ـ دۇنيا تاپقان بىلەن ئەقىل تاپمىغاچ،
ياتلارغا قالدى ئۇ يىققان بايلىقىڭ!
ئىھ بوۋاي، خەلقىڭنى سۆيەلىگەن بولساڭ،
خەلقىڭمۇ قەلبىدىن سۆيەتتى سېنى.
ھەيكەلدە ئەمەس بەلكى ئىسسىق يۈرەكتە
ياد ئېتىپ تۇراتتى سېنى ھەر كۈنى!

1955 ـ يىل، ئىيۇن.

---

# ئاخىرقى نىدا *)

## ( شائىر ھەققىدە شېئىر )

قاراڭغۇ تۈن ئىدى، ئاشۇ بىر ئاخشام،
بىر چاقماق چېقىلىپ، يورىدى فازا.
چاقماقتۇ بىر نەپەس يېنىپلا ئۆچتى،
ئاۋازى گۈلدۈرلەپ قالدى قۇلاقتا!

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

لۇتپۇللا ئۆزىنى دەرتلىك سېزەتتى،
ۋەتەننىڭ قايغۇلۇق تەغدىرى بىلەن.
شائىرنىڭ يۈرىكى تەڭكەش تېپەتتى،
قەدىردان خەلقىنىڭ يۈرىكى بىلەن.
ۋەتەننىڭ قوينىدا باشلاندى كۈرەش،
مەيدانغا چاقىرىپ، مەرت يىگىتلەرنى.
شائىر بۇ كۈرەشتىن قانداقمۇ يانسۇن،
كۆكسىدە ئۇرۇۋاتسا ئۇيغۇر يۈرىكى!
ـــ «ئەي ۋەتەن، قوينۇڭدا ئۆسكەن ئوغۇل مەن،
شۇڭلاشقا بارىمنى ئاتىدىم ساڭا.
مەن ـ كۈرەش دېڭىزىنىڭ قاينام ئۆركىشى،
دۈشمەننى غەرىق ئېتەر، ئوپقۇنلىرىمدا...
دۇنياغا ناخشا ئېتىش ئۈچۈن كەلگەنمەن،
جەڭلەرگە كىرسەممۇ ئېيتىمەن ناخشا.
ھاياتىم ـ مېنىڭ بىر گۈزەل ناخشىدى،
ئۆلۈممۇ ناخشا بوپ ياڭرار جاھاندا!».
دېمەك، لۇتپۇللا ئاتلاندى جەڭگە،
رەقىپلەر ئۈستىگە ئېتىلدى ئوقتەك.
غەلىبىگە چاقىرىپ نەرە تارتتى ئۇ،
بۇلۇتلار باغرىنى يارغان بۈركۈتتەك...
ناگىھان ئارىدىن چىقتى بىر خائىن،
دوستلارنى دۈشمەنگە ساتتى ئۇ ئەغيار.
( ئەزەلدىن ئەشۇنداق سېتىلمىلارنىڭ
قۇربانى بولغانغۇ نى ـ نى ئوغۇللار! )
دۈشمەننىڭ دامىغا چۈشتى لۇتپۇللا،
قاپقانغا ئايغىنى باسقان كېيىكتەك.
ئۇ زىنداندا ئىچىدە ياتاتتى بىھوش،
ئوق تېگىپ يىقىلغان جەڭچى يىگىتتەك!
جاللاتلار ئالدىدا باشلاندى سوراق،
يەنە شۇ ئالدانتۇلارقىناق ۋە ئازاپ...
رەقىپنىڭ دەككىسىنى بېرىپ تۇردى ئۇ،
سوراقچى كۆزىگە ھامان تىك قاراپ...
دۈشمەننىڭ ھىيلىسىگە ئالدانمىدى ئۇ،
يا قورقۇپ قالمىدى ھەيۋە ـ دوقىدىن.
ئۆلتۈرمەك بولۇشتى شائىرنى دۈشمەن،
ئۇنى باش ئەگدۈرۈشكە ئامال يوقىدىن...
سېنتەبىر كېچىسى ئىدى زىم ـ زىيا،
بۇلۇتلۇق ئاسماندا ئايمۇ كۆرۈنمەس.
شائىر تىك تۇراتتى جاللات ئالدىدا،
ئۇ مەغرۇر قارىغايدەك بېشىنى ئەگمەس!
كوماندا بېرىلدى:
جاللات قىلىچى،
يالتىراپ شائىرنىڭ بويىنىغا چۈشتى...
قىساسكار ۋۇجۇدى سىلكىندى بىردىن،
يۈرەكتە ھارارەت ئوتلىرى ئۆچتى!
ئاخىرقى دەقىقىدە شائىرنىڭ كۆزى،
قەدىردان خەلقىنى كۆرگەندەك بولدى.
ۋەتەننىڭ قۇچىقىغا يىقىلغاندا ئۇ،
ئانىنى قۇچاغلاپ سۆيگەندەك بولدى...
ـ «مەن ئانا يۇرت ئۈچۈن تۇغۇلغان ئىدىم،
يۇرت ئۈچۈن كۈرەشتە بولسىمەن قۇربان.
ۋەتەننىڭ ئازاتلىقىنى كۆرەلمىدىم مەن،
ئاھ ئىسسىت، يۈرەكتە قالدى شۇ ئارمان!»
لۇتپۇللا قەلبىدىن چىققان شۇ سادا،
ئاڭلىنىپ تۇردى تا نەپەسى تىنغىچە.
ۋەتەننىڭ كۆكسىدە قالدى جاراڭلاپ،
ئاخىرقى شۇ نىدا ياڭرىغىنىچە!

1955 ـ يىل، سېنتەبىر.

*) بۇ شېئىر ـ شائىر ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقىغا ئاتاپ يېزىلغان. شۇ مەزگىلدە ئۆزەم خىتاينىڭ تۈرمىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن ئېلان قىلالمىغان.

# كۈرەش شەنىگە ناخشا

كۈرەش، كۈرەش، ئۈمىت تاغلىرىغا،
زەپەر قاناتلىرىنىڭ بىلەن ئۇچارمەن.
شۇڭا پۈتكۈل شائىر ئاۋازىم بىلەن،
شەنىڭنى ئۇلۇغلاپ ناخشا ئېيتارمەن!
بۇ دۇنيا ـ ئەسلىدە كۈرەش مەيدانى،
كۈرەش قىسپ ياشايدۇ ھەقىقى ئادەم.
كۈرەش بىلەن يارالغاندى، بۇ قېرى دۇنيا،
كۈرەش بىلەن تۆرىلىدۇ كەلگۈسى ئالەم!
ئۆمۈر ـ بۇ ئىنسانىنىڭ كۈرەش يولىدۇر،
ئۈمىتسىز جان بولماس، ئارزۇسىز جاھان.
سەن ئەگەر كۈرەشنىڭ قاچقۇنى بولساڭ،
ئىستىقبال يۇلتۇزۇڭ كۆچەر شۇ زامان!

كۈرەشتە پولاتتەك ئىرادە كېرەك،
جەڭلەردە قورقاقلىق ئۆلۈمدىن يامان.
پەقەتلا چىدام، غەيرەت، ئىرادە بىلەن،
ئارزۇغا يېتىدۇ، كۈرەشچان ئىنسان!
شۇڭا مەن سويۇمەن قايناق ھاياتنى،
بوۋامدەك كۈرەشچان خىسلەتكە باي مەن.
ھاياتنىڭ قىزىغى ـ جەڭ قىسپ ياشاشتا،
جەڭ ئۈچۈن تۇغۇلدۇم، جەڭ قىسپ ياشايمەن!
شائىرلىق قەلبىمدىن دەريادەك تېشىپ،
باتۇر ئاۋاز ناخشىلارنى ئېيتىپ ئۆتەرمەن.
مەيلى، ۋەتەن يوللىسا، مېنى ئۆلۈمگە،
پاكىشىڭ، ناخشامنى ئېيتىپ، خوشال كېتەرمەن!

1955 ـ ژىل، ئۆكتەبر.

# قۇياشقا قاراپ

قۇياش سېنى كۆرگەندە ھەر چاغ،
خىسلىتىڭنى ئويلاپ كېتىمەن.
ـ نېمشكە مەن قۇياشتىن تۇغماي،
ئىنسان بولۇپ تۇغۇلدۇم ـ دەيمەن!
ھەر سەھەردە تۇرۇپ ئالەمگە،
ئاشىق كۆزۈڭ بىلەن قارايسەن.
نۇرۇڭ بىلەن ۋۇيۇپ بارچىنى،
كىرپىكلىرىڭ بىلەن تارايسەن.
سېنىڭ ئالتۇن نۇرىڭنى ئېمىپ،
بار تەبئەت يايراپ كېتىدۇ.
چىمەنلەرگە مەدھىيە ئوقۇپ،
بۇلبۇللىرى سايراپ كېتىدۇ.
ھەر كۈنلىگى تىرىك ھاياتقا،
يېڭى ئۆمۈر بېرىپ ئۆتىسەن.
پۈرستىڭ كەڭ، ئىمكانىڭ نۇرغۇن،
تاغدەك ئىشلار قىلىپ ئۆتىسەن!
كەچ بولغاندا شەپەقتەك قىزىل،
قىپ بېزەيسەن، ئالەمنى بىر پەس.
بەختلەر ۋەدە قىلىپ ئەتىگە،
ئۇيغىتىسەن ياشاشقا ھەۋەس!
ئەللەي ئېيتىپ تۈن بۆشىگىدە،
ئەمگەكچىگە بېرىسەن ئارام.
قېرىلارغا راھەت ـ پاراغەت،
ئاشىقلارغا ۋىسالى جانان!
جىمى جانغا ھايات بەخش ئەتكەن،
تىرىكلىكنىڭ تەڭرىسى ئۆزەڭ.
سەن ھاياتلىق، رىزىق بەرمىسەڭ،
قانداق بولار ئېدى، بۇ ئالەم؟
قۇياش، قۇياش، تىرىك ھاياتنى،
سەن سۆيگەندەك سۆيسەم ئېدىم مەن،
ئاقىل ئىنسانلارنىڭ ئىشقىدا،
سەن كۆيگەندەك، كۆيسەم ئېدىم مەن!

1957 ـ ژىل، ئىيۇن.

# ئۇيغۇر قىزى

«ئۇيغۇر قىزى ـ سائادەت خەلىقارا ياشلار فېستىۋالىغا قاتنىشىپ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى».

گېزىت خەۋىرى.

سائادەت، كۆردۇم سېنىڭ سۆلىتىڭنى،
كۆڭۈلگە زوق بېغىشلار سەنئىتىڭنى.
سەن چىقىپ كوكۇللەرنى يايراتمىساڭ،
بىلمەستوق، ئۇسسۇلنىڭ زور قۇدرىتىنى.
سائادەت چىقساڭ ئۇسسۇل سەھنىسگە،
ئوخشايسەن خۇددى ئاسمان پەرىسىگە.
جىلۋىلىك بېقىشىڭدىن يۇلتۇز خىجىل،
مۆكۈنەر ئورنىپ تۈن پەردىسىگە!
ئاۋازىڭ ـ بەخت كۈيىدەك خۇشخۇي ياڭراق،
تەنلىرىڭ ئەۋرىشىمدۇر، كۆكسۈڭ ئويناق.
سەنئىتىڭ قايىل قىلدى بار جاھاننى،
دىلرابا ھەرىكىتىڭگە ھەممە ئامراق!
سەن بىر قۇش، پەرۋاز قىلىپ قانات قاققان،
سەن ئاققۇ، زەڭگەر كۆلدە سىلىق ئاققان.
ئېيتقىنا، ئەي، دىلاۋەر ئۇيغۇر قىزى،
قايسى بىر قۇتلۇق ئانا سېنى تۇققان؟
سەن مېدال ئالغىنىڭدا فېستىۋالدا،
شۆھرىتىڭ يەر ـ يۈزىگە تاراپ كەتتى،
سائادەت ـ ئۇيغۇر قىزى ـ دېگەن چاغدا،
غۇرۇردىن باشلىرىمىز كۆككە يەتتى!
كەلگەندە سەن ئېلىڭگە زەپەر ئېلىپ،
قۇۋۇنۇپ قارشى ئالدى، ۋەتەن ـ ئاناڭ.
نېمە ئارمان ئەلنىڭ سۆيگەن قىزى بولۇپ،
خەلقىڭنىڭ ژۈرىگىدە ياشاپ قالساڭ!
سائادەت سەن سۈيۈملۈك ئۇيغۇر قىزى،
كۆكىدە يېنىپ تۇرغان نۇر يۇلتۇزى.
سېنىڭدەك ئېسىل ئوغۇل ـ قىزى بىلەن،
تونۇيدۇ ئۇيغۇرۇمنى دۇنيا يۈزى!

1957 ـ ژىل، ئىيۇن.

## گۈل

ـ گۈل ـ كۆكلۈلنىڭ ئەلچىسى ـ دەرلەر:
مەن يارىمغا تۇتتۇم گۈلدەستە.
ئاشۇ گۈلنىڭ باھانىسىدا،
سۆيگۈ ئىزھار قىلىش ھەۋەستە!

تونۇشقاندا ئاق گۈلنى بەردىم،
ئاق دىلىمنىڭ رەمزى بولسۇن ـ دەپ.
سۆيۈشكەندە بەردىم قىزىلگۈل،
خوشاللىققا كۆكلى تولسۇن ـ دەپ.

بەختىم شۇكى: سۆيگەن نىگارىم،
قوبۇل قىلىپ ئالدى گۈلۈمنى.
شۇ گۈللەرنىڭ خاسىيتىدىن،
بەردى ماڭا ئىسسىق كۆكلۈلنى.

ئاق گۈللەرنى بېرەيلى يارغا،
قىزىلگۈلمۇ بېرەيلى يارغا.
ئامما، چىراي سارغايتىدىغان،
سېرىق گۈلنى بەرمەيلى ئەسلا!

## پەرەڭ ياغلىق

يارىم مېنى ئۇزاتقان چاغدا،
«يالداما» ـ دەپ بىر ياغلىق بەرگەن.
قوينۇمدىكى قىزىل ئالمامنى،
شۇ ياغلىققا ئوراپ مەن كەتكەن.

بەرگەن چاغدا ياغلىقنى يارىم،
«موشۇ سىزگە ئامانەت!» دېگەن،
قوينۇمغا سېپ، پەرەڭ ياغلىقنى،
خەيرلىشىپ، مەن يولغا كەتكەن.

شۇندىن بېرى تالاي ژىل ئاتلاپ،
سۇلار ئېقىپ، تۆگىدى سايلاپ.
مەن كېلىمەن ئاشۇ ياغلىقنى،
ژۈرىكىمنىڭ قېتىدا ساقلاپ!

يارىم بەرگەن پەرەڭ ياغلىقنى،
جان قېتىدا ساقلاپ كېلىمەن.
يوقاتمايمەن، كىرمۇ قىلمايمەن،
قاچان سورىسا، شۇندا بېرىمەن!

كۆرگەن چاغدا، دىلبىرىمنى مەن،
«ئامانەتنى ئال!» ـ دەيمەن، ئالتۇن.
قىزىل ئالما ـ مېنىڭ ژۈرىكىم،
ياغلىق ـ ژۈرەكنى ئورىغان يالقۇن!

1957 ـ ژىل، ئاۋغۇست.

# غەزەللەر

## تىلەك

(سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ كېتىۋاتقان دوستلارغا بېغىشلايمەن)

قايان بارساڭمۇ ئەي دوستلار، ھاياتىڭ بەختىيار بولسۇن،
قارا تۈنلەر كېتىپ باشتىن، سائادەتلىك ناھار بولسۇن.
«يامغۇر بىرلە يەر كۆكلەر، ئەمگەك بىرلە ئەر كۆكلەر»،
ئەمگەكچان ئېسىل خىسلەت، ھەمىشە ساڭا يار بولسۇن!
كىشىنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، مۇساپىرلىق ئەسەر ئەتسە،
ئەجداتلار ئۇلۇق روھى يارۇ ـ مەدەتكار بولسۇن!
دوستلارسىز جاھان بولماس، ئۆزەڭگە دوستۇيار تاپقىن،
ساڭا قەست قىلغۇچى دۇشمەن، ئۆزى دۇنيادا خار بولسۇن!
ئۇزەڭ ھەر جايدا ژۈرسەڭمۇ، ۋەتەننى ئۇنتما ھەرگىز،
ۋەتەن ئىشقى ژۈرىكىڭدە، ھەمىشە بەرقارار بولسۇن.
ياتلارغا قارام بولغان قەدىردان مىللىتىڭ قالدى،
شۇلارنىڭ ئاھۇ ـ پەريادى قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇرسۇن!
قولۇڭدىن كەلسە، مىللەتنى قۇتقازماققا يول ئىستە،
مېنىڭ بىچارە خەلقىممۇ، جاھاندا ئىپتىخار بولسۇن!

## بولماس

مۇھەببەت بىر قۇياشدۇركىم، ئۇنىڭسىز تاڭ سەھەر بولماس،
قارا تۈنلەر كېتىپ باشتىن، سائادەتلىك ناھار بولماس.
مۇھەببەتلىك كىشى كوڭلى ھەمىشە يازغا ئوخشايدۇ،
مۇھەببەتسىز كىشى كۆڭلى زىمىستاندۇر، باھار بولماس!
مۇھەببەت يالقۇنى بىرلەن ژۇرەكلەر ئوت بولۇپ يانسۇن،
شۇ ئوتتا كۆيمىگەن جانلار ۋەتەنگە ئاشنا بولماس.
كۆرۈكچۇ قەھرىمان ئەرلەر كۇرەشتە جان پىدا قىلدى،
ژۇرەكتە ئوتى يوق جانلار ئۇلاردەك پىداكار بولماس.
سائادەت ئىزدىسەڭ دوستلار، ۋەتەننى جان بىلەن سۆيگىن،
ۋەتەننى قەلبىدە سۆيگەن كىشى دۇنيادا خار بولماس.
ئايا، سابىت، ۋەتەندىن ئۆزگىنى ھەرگىز خۇمار ئەتمە،
بۇ دۇنيادا ۋەتەننىڭ ئەركىدىن ئارتۇق خۇمار بولماس!

## ئاشىق

*مېنى مەجنۇن دېمەڭ دوستلار، جۇنۇن قىلغان ئادالىقدۇر،*
*ۋىسالى لەيلىگە ۋاسىل بولالماي بىداۋالىقدۇر.*
*بۇ ئالەمگە كېلىپ ئىشقى ئوتىغا مۇپتىلا بولدۇم،*
*مېنىڭ قەلبىمنى كۆيدۈرگەن، بۇ ئوتلار ـ ئاشنالىقدۇر.*
*گادالىق قىسمىتىمنى شاھلىق تەختىگە تېگىشمەسمەن،*
*ۋەتەننىڭ ئىشقىدا كۆيمەك ـ ئۆزى بىر پادىشالىقدۇر!*
*بېھىشنى ئىزدىسە ھەركىم، ئاشىق قەلبىدىن تاپسۇن،*
*ئاشىقلار دىلى دايىم، قۇياشتەك نۇر ـ زىيالىقدۇر.*
*ۋەتەننى سۆيسە ھەر ئاشىق، مېنىڭدەك ئوت بولۇپ سۆيسۇن،*
*ۋەتەن ئەركى مېنىڭچۇن ئەڭ مۇقەددەس توتىيالىقدۇر.*
*سابىتجان ئېيتۇر، ئىشقى يولىدا مەردۇ ـ مەيدان بول،*
*كۇرەشچانلارغا تەلەي يار، ئاڭا تارىخ گۇۋالىقدۇر!*

## بولسام

باغ بولسامۇ، گۇل بولسام، گۇل ئىچرە خۇش پۇراق بولسام،
چاڭقىغان كۆكۈللەرگە ئارامبەخشىش بۇلاق بولسام.
ئەگەر يارىم سەھەرلەردە، تاماشا ـ سەيلىگە چىقسا،
ئاياغى ئاستىدا ياتقان غازاڭو ـ ياپراق بولسام.
كېچەلەر ئۇيقىدا ياتسا، كۇيۇملە ئەللىسەم يارنى،
كۆكۈلنى تەۋرىتىپ ئۆتكەن مۇشاۋرەك ھەم ئوشاق بولسام.
قارا تۈنلەردە خەلقىمنىڭ يولىغا نۇر ـ زىيا چېچىپ،
ئاداققى تامچە قالغۇنچە يانارغا شام چىراق بولسام!

# يار

ئايا دوستلار، بۇ ئالەمنىڭ تۈگىمەس غەۋغاسى بار،
كىمكى كەلدى دۇنياغا بېشىدا سەۋداسى بار:
پەرھات سۆيسە شېرىننى، تاھىر سۆيدى زوھرانى،
جاھاندا ھەر كىشىنىڭ ئۆزى سۆيگەن دىلراباسى بار.
شېرىن بىرلە زوھرانىڭ جامالى ئانچىكىم بولسۇن،
جاھانغا بۇ گۈزەللەرنى تۇغۇپ بەرگەن ئاناسى بار.
مېنىڭ خەلقىم شۇ ھۆرلەرنى تۇغۇپ بەرگەن ئاناسىدۇر،
ئۇنىڭ قەلبىدە سۆيگۈنىڭ سوغۇلماس ئوت لاۋاسى بار.
كىمنىڭ قەلبىدە ئۇشبۇ لاۋانىڭ ئۇچقۇنى بولسا،
ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پۈتمەس قۇدرەت ئېھتىراسى بار.
ئۆزەمنى سورىساڭ دوستلار، ۋەتەننىڭ ئاشىقىدۇرمەن،
ئۇنىڭ ئىشىق ئوتىدا مەندەك، تۈمەنمىڭ مۇپتالاسى بار.
ئۆزىن ئاشىق دېگەن جانلار ۋەتەننى جان بىلەن سۆيسۇن،
ۋەتەن سۆيگەن يىگىتلەرنىڭ ژۈرىكىدە قۇياشى بار!

## ئاخشا تېكىستلىرى

### ياخشى يارنىڭ يارىمەن

*ياخشى يارنىڭ يارى مەن،*
*كۆڭلىدىكى بارى ـ مەن.*
*قولىغا ئېلىپ چالسا،*
*دۇتتارىنىڭ تارى ـ مەن!*

*كىمنىڭ ياخشى يارى بار،*
*كۆڭلىدە گۈلزارى بار.*
*سۆيسەڭ ياخشىنى سۆيگىن،*
*ژۈرىكىگە دارى بار.*

*ياخشى يارىم بار مېنىڭ،*
*ئۆمۈرۈمگە يار مېنىڭ.*
*شۇ يار بىلەن كۆڭلۈم،*
*ھەر قاچان باھار مېنىڭ!*

### يارىم

ئانار يۈزلىگىم ـ يارىم،
خۇمار كۆزلىگىم ـ يارىم.
ژۈرىكىمگە ئوت ياققان،
شېرىن سۆزلىگىم ـ يارىم.

قىش ـ ياز بىردەك ئېچىلغان،
خۇشبۇيى پۇراق چېچىلغان،
كۆرسەم كۆكۈل يېشىلغان،
كۆكۈل ـ خۇشلىغىم ـ يارىم.

كۈندۈزلىرى ـ كۈنۈم سەن،
كېچەلەر تولۇن ئايىم،
سەھەرلەردە چولپانىم،
بەختىم ـ قۇۋۇنىشىم يارىم!

1957 ـ ژىل، دېكابىر.